11 ـ قسم

# جہاد

# جىھاد ئۇرۇشى

## ئىسلامدىكى تەلىملەر

● قۇرئاندا، ئاللانىڭ ئىسلام دىنىنى باشقا ھەممە دىنلاردىن غالىب كىلىشى ئۈچۈن مۇھەممەتنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلغان. (قۇرئان 9:33 ، 48:28)

● ئىسلام دىنىدا دۇنيا ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، ئىسلام ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زىمىنلار «تىنچلىق رايونى» (Darul Salam)، كاپىرلارنىڭ زىمىنى «جەڭ رايونى» (Darul Harb) دەپ ئاتالغان. بۇنداق دىگەنلىك، مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ زىمىنىغا قارىتا ئۇرۇش قوزغىسا بولىدىغانلىقى، ئۇلارغا تىنچ-خاتىرجەملىك بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
(ئەمىلىيەتكە قارىساق، ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئۇرۇش-جىدەل ۋە قالاقلىق قاپلىغان، ئەكسىچە مۇسۇلمانلار ئاز ياكى يوق دۆلەتلەردە تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يوقىرى)

## جىھادنىڭ مەنىسى، مەقستى، ئۇسۇلى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى

● جىھاد- ئاللانىڭ يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىش، ئىسلامنىڭ زىمىنىنى كېڭەيتىش، كاپىرلار كونتروللىقىدىكى رايونلارغا تاجاۋۇز قىلىش، قورال كۈچى ۋە باشقا بارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىسلامنى رەت قىلغان ئادەم ۋە خەلىقلەرگە ھوجۇم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ بىر مۇسۇلمانىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىگە قارشى كۆرەش قىلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

● جىھادنىڭ مەقستى، پۈتۈن دۇنيانى ئىسلام بىلەن بويسۇندۇرۇش، بارلىق كاپىرلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ زىمىنىنى ئىسلام رايونىغا ئايلاندۇرۇش، پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرنى مۇسۇلمان قىلىش. جىھادنىڭ مەقستى ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈنلا ئەمەس.

● بۇ مەقسەتكە يىتىش ئۈچۈن ئىسلام دىنى ھەرقانداق ۋاستە قوللىنىشتىن يانمايدۇ. بۇ ۋاستىلەر دىنغا دەۋەت قىلىش، تەھدىت سېلىش، تىرورلۇق، ئالدامچىلىق، ئۇرۇش قاتارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

● ئىسلام دىنى تارىختا ئاساسلىقى جىھاد ئۇرۇشى ئارقىلىق تىز سۈرئەتتە كېڭەيگەن. بىراق يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋرلەردە مۇسۇلمانلار پەن-تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە ھەربى ئىشلاردا ئومومىيۈزلۈك كەينىدە قالغاچقا، ھەمدە دۇنيادىكى چوڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى بولغاچقا، ئۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنالمايۋاتىدۇ. لىكىن تىرورلۇق، تەھدىت سېلىش، ئالدامچىلىق قاتارلىق ئۇسۇللار يەنىلا مەۋجۇد. ئۇندىن

سىرت ئەرەپ ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىدە پۇختا تەربىيىلەنگەن، ئىنجىلنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق مەسىھىيلەرنى قانداق ئېزىقتۇرۇشنى ئوبدان بىلىدىغان دىن تارقاتقۇچىلار توپ-توپى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىلىپ، شۇ جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلار ئارقىلىق يەرلىك خەلقلەرنى ئىسلاملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

## جىھادنىڭ كېلىپ چىقىشى

● مۇھەممەت دەسلەپ دىن تارقاتقاندا، يەھۇدىيلار بىلەن مەسىھىيلەرنى چوقۇم ئۆزىگە ئەگىشىدۇ دەپ ئويلىغان، چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ قوبۇل قىلغان «ۋەھىسى» بىلەن ئۇلارنىڭكى ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسى بىر خۇدادىن كەلگەن. شۇڭا ئۇ يەھۇدىيلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، باشتا يېرۇسالىمنى دۇئا قىلغاندا يۈزلىنىدىغان قىبلە دەپ جاكارلىغان، ھەمدە يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىنى قوبۇل قىلغان. بىراق يەھۇدىيلار ئۇنىڭ «ۋەھىسى» دىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمىگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت يەھۇدىيلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن. ئۇ قىبلىنى مەككىگە ئۆزگەرتىپ، ئەرەپ مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان يېڭى بىر ئېتىقات مەركىزىنى قۇرۇپ چىققان. كېيىن ھەتتا مۇسۇلمانلارنى قوزغۇتۇپ يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈشنى، تاكى ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە جەڭ قىلىشنى بۇيرىغان.

● مۇھەممەت مەككىدە دىن تارقىتىۋاتقان دەسلەپكى چاغلاردا دىنى كەڭچىلىكنى كۆپرەك تەكىتلىگەن بولۇپ، قۇرئاندىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا،

**ئاللا مۇھەممەتكە مۇنداق «ۋەھى» قىلغان:**

○ دىندا زورلاش يوق دىگىن. (قۇرئان 2:256)

○ ياخشى پەزىلەتلىرىڭ بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلىپ ئۆزگەرتكىن. (قۇرئان 41:34)

○ ئەگەر ئەھلى كىتاپلار (يەھۇدىيلار ۋە مەسىھىيلەر) سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىڭنىڭ ئاللاغا بويسۇنغانلىقىنى ئېيتقىن. ئەگەر ئۇلار رەت قىلسا، ئۆزۈڭنىڭ پەقەت ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش مەسئۇلىيىتىڭنىڭ بارلىقىنىلا ئېيتىپ قويغىن. (قۇرئان 3:20)

○ ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنى كەچۈرۈەتكىن، ئۇلارغا «ئامان بولۇڭلار» دىگىن. (قۇرئان 43:88،89)

○ باشقىلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە سەۋر-تاقەت قىلغىن، ئۆزۈڭنى مۆلايىملىق بىلەن

ئۇلاردىن چەتكە ئالغىن، ئۇلارغا كەڭ قوساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. ئىسلامنى رەت قىلغانلارنى ئاخىرىدا ئاللا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 73: 10، 11)

○ ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنى ئۆز يولىغا قويۇۋەتكىن. (قۇرئان 52:45)

○ باشقىلارنى مەجبۇرلاپ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. (قۇرئان 10:99)

○ مۇلايىملىق بىلەن باشقىلارنى كەچۈرۈۋەتكىن. (قۇرئان 15:85)

○ يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن قايتۇرغىن. (قۇرئان 23:96)

## مۇسۇلمانلارغا مۇنداق تەلىم بەرگەن:

○ باشقىلارغا ياخشى سۆزلەرنى قىلىڭلار. (قۇرئان 2:83)

○ ئەقىل ۋە ياخشى گەپلەر بىلەن باشقىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىڭلار، ئەڭ ياخشى پوزىتسىيەدە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىڭلار. (قۇرئان 16:125)

○ سەۋر-تاقەت قىلىڭلار، باشقىلار ئۈچۈن ئازاپلىنىپ غەم يىمەڭلار. (قۇرئان 16: 126، 127)

○ باشقىلارنىڭ قىلغان تۆھمەتلىرىگە سەۋر-تاقەت قىلىڭلار. (قۇرئان 20:130)

○ قىيامەتتىكى ئاللانىڭ جازاسىدىن قورقمايدىغانلارنى كەچۈرۈۋېتىڭلار. (قۇرئان 45: 14)

○ باشقىلارغا چېچىلىپ قايىنماڭلار. (قۇرئان 19:84)

○ ئەسىرلەرگە ياردەم بېرىڭلار. (قۇرئان 9،8: 76)

## مەسىھىيلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى:

● مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلار يەھۇدىلار ۋە مۇشرىكلاردۇر. مۇسۇلمانلارغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر مەسىھىيلەردۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن دىنى ئۇستازلار ۋە ئۆزىنى خۇداغا ئاتىۋەتكەن مۇناخلار بار. ئۇلار هاكاۋۇرلۇق-چوڭچىلىق قىلمايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرگە چۈشكەن ۋەھىلەرنى ئاڭلىغاندا، ھەقىقەتنى بىلگەنلىكتىن كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش ئاقىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنگەنلىكىنى ۋە بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خۇدا ئۇلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. (قۇرئان 85-5:82)

- بۇ ئايەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مۇھەممەت دەسلەپ مەسىھىيلەرنىڭ ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تارقاتقاندا، بىر قىسىم مەسىھىيلەر ئۇنىڭغا ئىشەنگەن،

ھەتتا ئۇنى قوللىغان. چۈنكى مۇھەممەتنىڭ دەسلەپكى تەلىملىرى ئىنجىلدىكى تەلىملەرگە ئوخشىشىپ قالاتتى.

## جىھادقا دائىر تەلىملەرنىڭ پەيدا بولىشى:

● مۇھەممەت مىلادى 622-يىلى مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىشتىن (ھىجرەت قىلىشتىن) بۇرۇن، ئۇنىڭ مەككىدىكى تەسىر كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، ئاران نەچچە ئون ئەگەشكۈچىسىلا بار ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ھەتتا ئافرىقىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى مەسىھىيلەرنىڭ دۆلىتى ئابىسىنىيەگە (ھازىرقى ئېفىئوپىيەگە) ئىككى قېتىم قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان (مىلادى 615-616-يىللىرى). ئاشۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە «ۋەھى» قىلىنغان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئىچىدە جىھاد ئۇرۇشى ياكى ھەرقانداق زوراۋانلىققا ئائىت مەزمۇنلار يوق بولۇپ، ھەتتا قوغدىنىش توغرىلىقمۇ سۆزلەنمىگەن.

● بىراق مۇھەممەت مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ھەممە ئىش ئۆزگەرگەن، يوقۇردا كۆرسىتىلگەن ئايەتلەرمۇ كېيىنچە «نازىل» بولغان ئۇرۇش ۋە زوراۋانلىققا ئائىت ئايەتلەر تەرىپىدىن «مەنسۇخ» (ئىناۋەتسىز) قىلىۋېتىلگەن.

● مىلادى 622-يىلى مۇھەممەت مەككىنىڭ شىمالىدىن 350 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى مەدىنىگە كۆچۈپ بارىدۇ، بۇ ئىسلام تارىخىدا «ھىجرەت» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەممەت مەدىنەلىكلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كۈچىيىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىھاد ۋە زوراۋانلىققا ئائىت ۋەھىلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. دەسلەپتە «ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلار قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئىجازەت قىلىندى» دىگەن ئايەت چۈشىدۇ (قۇرئان 22:39)، كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى كۈچەيگەنسىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇرۇش قوزغاشقا ئائىت ئايەتلەر كۆپىيىدۇ، مەسىلەن:

- ● جىھاد ئۇرۇشى سىلەرگە پەرز قىلىندى. (قۇرئان 2:216)
- ● كاپىرلار بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ. (قۇرئان 4:144)

● ئاللا ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىش كېرەك. (قۇرئان 2:216،244 ؛ 3:13،167 ؛ 4:75،76،84 ؛ 5:35 ؛ 8:60،65 ؛ 9:41،86)

● ئاللا ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش كېرەك. (قۇرئان 2:217)

● ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى ۋە ھاياتىنى سەرپ قىلىپ جەڭ قىلىش كېرەك. (قۇرئان 4:95 ؛ 8:60،72 ؛ 9:20،41 ؛ 49:15 ؛ 61:11)

● جىھاد ئۇرۇشى ئاللانىڭ مۇسۇلمانلارنى سىنىشىدۇر، ئۇ بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى كۆرەش قىلغۇچىلار ۋە چىدامچانلارنى تونۇيدۇ. (قۇرئان 47:31)

● ئاللا جەڭ ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بولىدۇ. (قۇرئان 47:35)

• ئەبۇ بەسىرنىڭ توپىدىكى مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ كارۋىنىغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، ماللىرىنى بۇلاپ كىتىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2731، 2732)

• مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ئاللانىڭ بۇيرىقى بۇيىچە ئىنسانلار بىلەن كۆرەش قىلغىلى كەلگەنلىكىنى، تاكى ئۇلار مۇسۇلمان بولغۇچە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:25، 392، 393 ؛ 4:52:196)

• مۇھەممەت مۇنداق دىگەن: ئەگەر ئۈممەتلىرىمگە قىيىنچىلىق ئەكىلىشنى ئويلىمىغان بولسام، مەن چوقۇم ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلغان بولاتتىم، تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە شۇنداق قىلاتتىم، ئاندىن تىرىلىتتىم، ئاندىن يەنە باتۇرلارچە جەڭ مەيدانىدا ئۆلەتتىم. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:36 ؛ 4:52:216 ؛ 9:90:332، 333)

• ئەڭ ياخشى مۇسۇلمانلار زەنجىر بىلەن كاپىرلارنىڭ بويىنىنى باغلاپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەنلەردۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 6:60:80)

• ئىسلامنى يوقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن جەڭ قىلغانلار، ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلغانلاردۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:65 ؛ 4:53:355)

• مۇھەممەت مۇشرىكلارنىڭ ھەممىنى ئەرەب يىرىم ئارىلىدىن قوغلاپ چىقىرۋىتىمەن دىگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:288 ؛ 5:59:716)

## ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى:

• ئاللا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ. (قۇرئان 61:4)

• ئۇلار ئۆيىدە خاتىرجەم ئولتۇرغانلاردىن بىر دەرىجە يوقىرى بولىدۇ، ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ، ئاللانىڭ كەچۈرۈمى ۋە شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 4:95، 96)

## جىھاد قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر توغرىسىدا:

• ئۇلار گەرچە جەڭدە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، لىكىن ئەمىلىيەتتە ئۆلمەيدۇ، ئۇلار شىھىد بولغاندىن كىيىن ئاللانىڭ يېنىدا زور ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 3:169)

• خۇدادىن كەلگەن كەچۈرۈم ۋە شەپقەت، ئۇلارنىڭ توپلىغان مال-مۈلكىدىنمۇ قىممەتلىكتۇر. ئۇلار خۇدانىڭ ھوزۇرىغا بارىدۇ. (قۇرئان 3:157، 158)

• ئاللا ئۇلارغا زور مۇكاپات بېرىدۇ (قۇرئان 4:74، 77 ، 8:60)؛ ئۇلارنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ، ھاياتى ۋە مال-مۈلكى بىلەن ئاللانىڭ جەننىتىنى تىگىشىدۇ. (قۇرئان

9:111 ، 61:12)

• ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلىپ شېھىت بولغان ئادەم ھەرگىز دوزاقنىڭ ئوتىدا كۆيمەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:66)

## جىھاد ئۇرۇشىغا قاتناشمىغانلار توغرىسىدا:

• مۇسۇلمانلارنىڭ باھانە كۆرسىتىپ جەڭگە چىقماسلىقىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. (قۇرئان 9:42-44)

• ئاللا ئۇلارنى قاتتىق جازالايدۇ. (قۇرئان 9:38،39)

• ئاللا ئۇلاردىن ۋاز كېچىدۇ. (قۇرئان 47:20-23)

• ئۇلارنى مۇسۇلمان دېگەندىن كۆرە، كاپىرلار دېگەن ياخشىراق. ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىر ئەمەس. (قۇرئان 3:167،168)

• ئۇلار دوزاققا چۈشىدۇ. (قۇرئان 9:93-96)

• ئۇلار ئازاپلىق جازاغا ئۇچرايدۇ. (قۇرئان 9:81،90 ، 48:16)

• جەڭدىن قاچقانلارغا ئاللانىڭ ھەزىپى ياغىدۇ، ئۇلار چوقۇم دوزاققا چۈشىدۇ. (قۇرئان 8:15،16)

## مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك

• ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى قەيەردە كۆرسەڭلەر شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاپ ھۇجۇم قىلىڭلار، يوشۇرۇن زەربە بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار (ئىسلامغا كىرىپ) ناماز ئوقۇسا، زاكات تۆلىسە، ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار. (قۇرئان 9:5 ، 48:16)

• تولۇق ئۇلارغا ھوجۇم قىلىڭلار. (قۇرئان 9:36)

• ئەيزەب ئۇرۇشىدىن كېيىن، مۇھەممەت كاپىرلارغا ھوجۇم قىلىمەن دېگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 5:59:435)

• مۇھەممەت كېچىسى مۇشرىكلارغا ھوجۇم قىلىشقا يول قويغان، چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە بالىلىرى خىيىم-خەتەر ئىچىدە قالىدىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:256)

• قىلغان ئەھدىسىدىن يېنىپ ئىسلامغا تۆھمەت قىلغانلارغا جازا ئۇرۇشى قوزغاش كېرەك. ئاللا مۇسۇلمانلار ئارقىلىق ئۇلارنى جازالايدۇ، ھاقارەتلەيدۇ، بويسۇندۇرىدۇ. (قۇرئان 9:12-14)

**مۇسۇلمانلارغا ھوجۇم قىلغانلار توغرىسىدا:** (قۇرئان 194 ـ 2:190)

● ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىڭلار.

● ئۇلارنى قەيەردە كۆرسەڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.

● ئۇلارنى چىگرادىن قوغلاپ چىقىرۋېتىڭلار.

● مەسچىتى ھەرەم ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار، تاكى ئۇلار ھۇجۇم قوزغىمىغۇچە. ئەگەر ئۇلار ھوجۇم قوزغىسا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.

● زىيانكەشلىك يوقىتىلغىچە، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىڭلار، دىن پەقەت ئاللا ئۈچۈندۇر.

● كىم سىلەرگە چىقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇخشاش ئۇسۇلدا ئۆچ ئېلىڭلار. (قانغا قان جانغا جان ئېلىش)

**ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەر توغرىسىدا:**

● ئاللا ئۇلارنىڭ دىلىغا ۋەھىمە سالىدۇ. (قۇرئان 3:151 ، 8:12)

● مۇھەممەت ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارغا ۋەھىمە سېلىش ئارقىلىق غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:335،438 ، 4:52:220)

ـ تىرورلۇق، تىرورىزىم دىگەن سۆزلەر ئىنگىلىزچىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى ۋەھىمە سېلىش دىگەنلىكتۇر.

● ئاللا مۇھەممەتكە، ئۇلارغا ئازاپلىق جازاغا ئۇچرايسىلەر دەپ خەۋەر يەتكۈزگىن دەيدۇ. (قۇرئان 9:3)

● جەڭدە ئۇلارنى جازالاڭلار، ئەگەشكۈچىلىرىنى قوغلىۋېتىڭلار. (قۇرئان 8:57)

● ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىڭلار، قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار. (قۇرئان 66:9)

● قورال ۋە ئاتلار بىلەن جەڭگە تەييارلىنىڭلار، ئاللا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە ۋە باشقا بارلىق دۈشمەنلەرگە تەھدىت سېلىڭلار. (قۇرئان 8:60)

● ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، بارماقلىرىنى ئۈزۈۋېتىڭلار. (قۇرئان 8:12)

● ئۇلارغا ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈرۈڭلار. لىكىن ئەمەلىيەتتە سىلەر ئەمەس بەلكى ئاللا ئۇلارغا ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن بولىدۇ. (قۇرئان 8:17)

● جەڭدە ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار. غەلىبە قىلغاندىن كىيىن قاپقالغانلىرىنى باغلاپ ئەسىرگە ئېلىڭلار. (قۇرئان 47:4)

● ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىڭلار، قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار، تاكى ئۇلار يۇۋاشلىق بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە ياكى جىزيە تۆلىگىچە. (قۇرئان 9:29:73)

● ئەتراپىڭلاردىكى كاپىرلارغا ھوجۇم قىلىڭلار، ئۇلارغا ئۆزۈڭلارنىڭ يامانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار. (قۇرئان 9:123)

● ئاللانىڭ ئاسماندىن بالايى-ئاپەت ياغدۇرۇپ ئۇلارنى قىينىشىنى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ قولى بىلەن جازالىشىنى ئۈمىد قىلىش كېرەك. (قۇرئان 9:52)

● مۇھەممەت ئۆزىنى ئاللانىڭ بۇيرىقى بىلەن ئىنسانلارغا ئۇرۇش قوزغايدىغانلىقىنى، تاكى ئۇلار ئاللاغا ئىبادەت قىلغىچە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:196)

## يەھۇدىلار ۋە مەسىھىيلەر توغرىسىدا:

● ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىش، ئۆيلىرىنى بۇزۇۋېتىش، جازالاش. ھەتتا ئۇلارغا ھاقارەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەرەخلىرىنىمۇ كېسىۋېتىش. ئۇلارنىڭ دىلىغا ۋەھىمە سېلىش. (قۇرئان 5-59:2)

● مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاللادىنمۇ قورقۇنۇچلۇقتۇر. (قۇرئان 59:13)

● ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىڭلار، تاكى ئۇلار يۇۋاشلىق بىلەن جىزيە (بىر خىل ئېغىر باج) تۆلىگەنگە قەدەر. (قۇرئان 9:29)

## ئەسىرگە چۈشكەنلەر توغرىسىدا:

● مۇھەممەت يەھۇدىلارنىڭ قۇرەيزا قەبىلىسىگە ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، بىر قىسمىنى ئەسىر ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى، ئۆيلىرىنى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى تارتىۋالىدۇ. (قۇرئان 27، 33:26)

● ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قىرىۋېتىش، ھەتتا ئۇلار بەدەل تۆلىسىمۇ قويۇۋەتمەي ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك. (قۇرئان 8:67)

● مۇھەممەت تەسلىم بولغان قۇرەيزا قەبىلىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنىمۇ قىرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە باللىرىنى ئەسىرگە ئالىدۇ، ھەمدە ئۇ ئاياللار ۋە مال-مۈلۈكلەرنى ئەسكەرلىرىگە تەقسىملەپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە مەدىنەدىكى يەھۇدىلارنى قېرى-ئاجىز دېمەستىن ھەممىسىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:280 ، 5:59:362، 443، 444، 447، 448)

● مۇھەممەت خەيبەرگە ھوجۇم قىلىپ ئۇ يەرنى ئىگەللىگەندە، ئۇلارنىڭ

ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاياللىرى ۋە بالىلىرىنى ئەسىرگە ئالدۇ. شۇ چاغدا مۇھەممەتنىڭ خوتۇنى ئائىشە: «بىز ئەمدى خورما يېيەلەيدىغان بولدۇق» دېگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 5:59:509،510،512،547،550)

## مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ ئولجىسى

● مۇسۇلمانلار جەڭدە قولغا چۈشۈرگەن ئولجىلارنىڭ بەشتىن بىر قىسمى ئاللاغا، مۇھەممەتكە ۋە ئۇنىڭ تۇققانلىرىغا، ھەمدە يېتىم-يېسىر، يوقسۇل ۋە مۇساپىرلارغا تەقسىملىنىشى كېرەك. (قۇرئان 8:1،41 ، 8-6:59)

● ئاللا جەڭدە چۈشكەن ئولجىلار بىلەن جىھاد ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنى مۇكاپاتلايدۇ (قۇرئان 20-48:18)؛ ئۇلار جەڭ ئولجىلىرىنى يېسە بولىدۇ (قۇرئان 8:69).

● مۇھەممەتنىڭ دېيىشىچە ئاللا شۇنداق ۋەدە قىلغانىكى، جىھاد ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇسۇلمان، ئەگەر ھايات بولسا ئاللا ئۇنى جەڭ ئولجىلىرى بىلەن مۇكاپاتلايدىكەن؛ ئەگەر شېھىت بولسا جەننەتكە ئەكىرىدىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:35 ، 4:52:46)

● جەڭدە چۈشكەن ئولجىلار مۇھەممەتكە ۋە مۇسۇلمانلارغا ھالالدۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:351،353)

- دېمەك جەڭدە باشقىلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرىنى قۇل قىلىش، ئۆي-زېمىن ۋە مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ بۆلىشىۋېلىش، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھالالدۇر.

● ئاللا مۇھەممەتنى ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرىدىن سىرت، جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللارنى قۇل قىلىپ، ئۇلاردىن ھوزۇرلىنىشقا يول قويغان. (قۇرئان 33:50)

● مۇھەممەتنىڭ دېيىشىچە، جىھاد ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك ۋە ساتقۇنلۇقتىن دېرەك بېرىدىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 269-267 :52 :4)

## مۇسۇلمانلار كەلگۈسىدىمۇ داۋاملىق جىھاد قىلىدۇ

● مۇھەممەت مەككىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئىسلامنىڭ جىھاد ئۇرۇشى رەسمى باشلانغان. ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى جىھاد ئۇرۇشىغا چاقىرىق قىلغاندا، مۇسۇلمانلار چوقۇم دەرھال ئاۋاز قوشىشى كېرەك. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:79،311)

● مۇسۇلمانلار ھامان بىر كۈنى جىھاد ئۇرۇشى قوزغايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:56:792)

● ئەڭ ئاخىرقى مەزگىللەردە ۋەھىي قىلىنغان بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: چەكلەنگەن ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن، مۇشرىكلارنى قەيەردە كۆرسەڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاپ ھوجۇم قىلىڭلار، يوشۇرۇن زەربە بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار تۆۋە قىلىپ ئۆزگەرسە،ھەمدە ناماز ئوقۇپ، زاكات تاپشۇرسا، ئۇلارنى قويۋېتىڭلار. (قۇرئان 9:5)

● مۇھەممەت ئۆلۈشتىن بۇرۇن مۇنداق دېگەن: يەھۇدىلار ۋە مەسىھىيلەر ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچرىسۇن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:427،435،436)

● مۇھەممەتنىڭ بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرى جىھاد قىلىش ئۈچۈن دېڭىزغا چۈشۈپ يىراقتا يۈرۈش قىلغان، بەزىلىرى ھەتتا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەھەرلىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ باققان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:175)

● مۇھەممەت ۋە ئۆمەر مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇق قىلىپ، كاپىرلارنىڭ دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىڭلار، تاكى ئۇلار ئاللاغا ئىبادەت قىلغىچە ياكى جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر جەڭ قىلىڭلار- دېگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:386)

● خەلىپە ئابابەكرى پەرقلىق ناماز ئوقۇيدىغان ۋە زاكاتنى ئاز بەرگەنلەر بىلەن جەڭ قىلاتتى. ئەگەر ئۇلار بۇرۇن مۇھەممەتكە تۆلىگەن نەرسىلەرنى ئابابەكرىگىمۇ تۆلىمىسە، ئۇ ئۇرۇش قوزغايتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 9:84:59)

● باشقا دىندىكىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك ۋە ئۆچ ئېلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا غايەت زور ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلانغان.

**قۇرئان ۋە ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان جىھادقا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ كۆرۈلۈش قېتىم سانى**

| سۆزلەر | قېتىم سانى |
|---|---|
| ئۆلتۈرۈش | 948 |
| جىھاد | 6898 |
| ئۇرۇش، جەڭ | 4258 |
| نەيزە بىلەن ھوجۇم قىلىش | 4854 |

| | |
|---|---|
| ئوقيا بىلەن ھۇجۇم قىلىش | 2400 |
| قان ئاققۇزۇش | 1951 |
| تاجاۋۇز قىلىش | 798 |
| بۇلاپ تارتىۋىلىش | 1189 |
| قېلىچ | 1511 |
| قەستلەپ ئۆلتۈرۈش | 710 |
| ۋەھىمە (تېرورلۇق) | 260 |
| يوقۇتۇش، ھالاك قىلىش | 159 |
| ئۆچ ئېلىش، قىساس ئېلىش | 177 |
| جەمئى | 35213 |

بەزى مۇسۇلمانلار مۇنداق دەيدۇ: ئىسلامنىڭ مەنىسى تىنچلىق دىگەنلىكتۇر، قۇرئاننىڭ 2-سۈرە 256-ئايىتىدە دىندا زورلاش يوق دىيىلگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد قىلىشى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ياكى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ غوررونى ساقلاش ئۈچۈندۇر. ھەممە ئىشنى ئىسرائىلىيە، ئامىرىكا، غەرب ئەللىرى ۋە ياكى باشقا دۆلەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ...

● «ئىسلام» دىگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەرەپچە يېزىلىشى «سالام» دىگەن سۆزگە ئوخشاپ قالىدۇ، «سالام» نىڭ مەنىسى تىنچلىقتۇر. ئەمما «ئىسلام» نىڭ ئەسلى مەنىسى «بويسۇنۇش» دىگەنلىك بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش، ھەممە ئادەمنى مۇسۇلمان قىلىپ، كاپىرلارنى يوقىتىشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەتتا جىھاد ئۇرۇشى قىلىپ، قان تۆكۈشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قوغداش ياكى تىنچلىق ئۈچۈن ئەمەستۇر.

● قۇرئاندا گەرچە تىنچلىققا دائىر ئايەتلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش ۋە جەڭگە ئائىت نۇرغۇن ئايەتلەر بار. قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى بۇ زىددىيەتلىك ئەھۋالنىڭ كىلىپ

چىقىش سەۋەبى: مۇھەممەت مەككىدىكى ۋاقتىدا ئەگەشكۈچىسى ئاز، كۈچىمۇ ئاجىز ئىدى. شۇڭا ئۇ چاغدا «ۋەھى» قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە ھېلىقى جىھاد ئۇرۇشىكەن ھەتتا ئۆزىنى قوغداش توغرىلىقمۇ ئايەت يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا مۇھەممەت كۆپرەك دىنى ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلاتتى. مەسىلەن، مۇسۇلمانلار دائىم مسال كەلتۈرىدىغان قۇرئان 2-سۈرە 256-ئايەتتىكى «دىندا زورلاش يوق» دىگەندەك گەپلەر. بىراق مۇھەممەت مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئادەم توپلاپ كۈچىيىۋالدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا ئائىت يېڭى ئايەتلەر «ۋەھى» بولىدۇ. بۇ يېڭى ئايەتلەر بۇرۇنقى ئايەتلەرنى مەنسۇخ (ئىناۋەتسىز) قىلىۋىتىدۇ. ھىجرەتتىن كېيىن «ۋەھى» قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىمۇ، دەسلەپ پەيدا بولغانلىرى ئۆزىنى قوغداش، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ، ئەمما كېيىن مۇھەممەت كۈچەيگەنسىرى ئايەتلەرمۇ بارغانسىرى ھوجۇم خاراكتىرلىق ۋە زوراۋانلىققا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇ ئەتراپتىكى باشقا خەلقلەرنى مەجبۇرى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنى جىھاد ئۇرۇشى قوزغاپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا، ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋىتىپ، ئاياللىرى، بالىلىرى، ئۆي-زىمىنى ۋە مال-مۈلكىنى بۇلاشقا قۇتىرىتىدۇ. (قۇرئان 2:216 ، 8:12 ، بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:351، 353)

• بەزى كىشىلەر مۇھەممەتكە ئىشەنمەي، ئىسلام دىنىغا قارشى گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ چىشىغا تىگىپ قويغاچقىلا، مۇھەممەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىش ھازىرقى بىر قىسىم ئەسەبى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلىنىپ قالغان.

• مۇھەممەت دۇنيا ئاللاغا ۋە ماڭا مەنسۇپ دىگەن (بۇخارى ھەدىسلىرى 9:85:77 ، 9:92:447) ؛ شۇڭا مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەسلەر ياشاۋاتقان زىمىنلارنىمۇ ئەسلىدە مۇسۇلمانلارغا تەۋە بولىشى كىرەك دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇلارغا جىھاد ئۇرۇشى قوزغايدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار ھەتتا بۇنىمۇ ئۆزىنى قوغدىغانلىق دەپ ئاتىۋالىدۇ.

• «ھىجرەت» تىن كېيىنكى مۇھەممەت، تۆت خەلىپە ۋە باشقا ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار مەدىنىدىن مەككىگە ھوجۇم قىلىدۇ، ئەتراپتىكى خەلقلەرگە جىھاد ئۇرۇشى قوزغاپ، ئىسلام دىنىنى پۈتكۈل ئەرەپ يېرىم ئارىلىغا كېڭەيتىدۇ، ئاندىن شىمالى ئافرىقا، ئوتتورا ئاسىيا، جەنۇبى ئاسىيا قاتارلىق رايونلاردىمۇ قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى قىلىش ئارقىلىق يەرلىك خەلقلەرنى ئىسلام دىنىغا مەجبۇرى كىرگۈزىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتىدۇر.

• ئىسلامنىڭ جىھاد ئۇرۇشى 1400 يىللارنىڭ ئالدىدا باشلانغان بولۇپ، تا ھازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ جىھادقا دائىر تەلىملىرى مىلادى 622-يىلى مۇھەممەت مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن «ۋەھى» قىلىنغان قۇرئان

ئايەتلىرى ۋە مۇھەممەتنىڭ كاپىرلارغا قارشى قوزغىغان ھوجۇملىرىنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد ئۇرۇشىنى باشلىغان ۋاقتى يەھۇدىيلارنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرىشى، غەرپ ئەللىرىنىڭ يېقىنقى زامانلاردىكى مۇستەملىكىچىلىك قىلمىشلىرى ۋە ئامرىكا دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغىنىدىن مىڭ يىل بۇرۇن بولۇپ، ھەتتا ياۋرۇپالىقلارنىڭ يىرۇسالىمنى قايتۇرۋېلىش ئۈچۈن قوزغىغان ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدىنمۇ 400 يىل بۇرۇنقى ئىشتۇر. دىمەك ھازىرقى بەزى ئەسەبى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا دىندىكىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىشى، جىھاد ئۇرۇشى قوزغىشى ۋە تىرورلۇق قىلمىشلىرىغا ئىسرائىلىيە، ئامرىكا، ياۋرۇپا ئەللىرى ۋە باشقا بىرەر دۆلەت ياكى مىللەت سەۋەپچى ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىنلا شۇنداق ئەنئەنە باردۇر.

● ھازىرقى بەزى مۇسۇلمانلار ئىسلام دۇنياسىنى زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە ئۇچراپ خېيىم-خەتەر ئىچىدە قالدى دەپ ئويلايدۇ. گەرچە كۆپ قىسىم مەسىلەر دىنى سەۋەپتىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئەنسىز كەيپىياتتا بەزى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئۇنىڭدىن ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرئان، ھەدىس ۋە مۇھەممەتنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن يېتەرلىك ئاساس تېپىپ، «كاپىر-مۇشرىك» لارغا قارشى جىھاد ئۇرۇشى قوزغايدۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، يەنە تېخى ئۆزلىرىنى خۇدا ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدۇ.

● مۇسۇلمانلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ 20% نى ئىگەللەيدۇ، ئەمما ئۇلار چېتىشلىق بولغان زوراۋانلىق، تىرورلۇق ھەركەتلىرى باشقا ھەرقانداق دىن ۋە مىللەتلەردىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

● 1948-يىلدىن 2007-يىلغىچە بولغان ئارلىقتا 11 مىليون مۇسۇلمان زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز بىر قىسمى ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەپلەر ئوتتورسىدىكى توقۇنۇشلاردا ئۆلگەن، مەسىلەن «ئالتە كۈنلۈك ئۇرۇش» تا 35 مىڭ ئادەم ئۆلگەن. ھالبۇكى 99% تىن ئارتۇق ئادەم ئىچكى توقۇنۇش ۋە مەزھەپ ئۇرۇشلىرىدا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان «دىنداشلىرى» تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

● يېقىن يىللاردا كۆتىرىلگەن ئىسلام قورالىق كۈچلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تىرورلۇق ھوجۇملىرىنى قوزغىماقتا. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن بولىشى مۇمكىن، ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسمى دىنى ئۆچمەنلىكتىن كېلىپ چىققان ھوجۇم خاراكتىرلىق ھەركەتلەردۇر. ئۇلار ھەرقانداق بىر ئىسرائىلىيەلىكلەرگە، ئامرىكىلىقلارغا، ياۋرۇپالىقلارغا، مەسىھىيلەرگە، بۇددىستلارغا، ھىندىلارغا، ئاتىزىمچىلارغا (خۇداسىزلارغا)، مەيلى قېرى-ياش بولسۇن ياكى ئاجىز ئايال ۋە كىچىك باللار بولسۇن، قارقۇيۇق ھوجۇم قىلىۋىرىدۇ.

چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى يىرگىنچلىك «كاپىر-مۇشرىك» لاردۇر. ئۇلار ھەتتا ئوخشىمىغان مەزھەپتىكى ۋە باشقىچە پىكىردىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ ھوجۇم قىلىدۇ.

● ئوساما بىن لادىن 1998-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنى Al-Quds al-'Arabi دا ئامېرىكىغا قارشى جىھاد ئۇرۇشى قوزغاش توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلىپ، ئاخىرقى نىشانىنىڭ، ئامېرىكىنى ۋەيران قىلىش، بارلىق ئامېرىكىلىقلارنى قىرۋېتىش، مەيلى ئەسكەر ياكى ئاددى پۇقرا بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، مەيلى قېرىلار ياكى باللار بولسۇن، ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

● پەلەستىن ئىسرائىلىيە مەسىلىسىدە، ھەر بىر زوراۋانلىق ھەركىتىنى ئېلىپ بارغۇچى ھامان ئۆز جىنايىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مەيلى ئۇ پەلەستىنلىك ياكى ئىسرائىلىيەلىك بولسۇن.

● ئىسلام جىھاد تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەقىقى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىسلام دىنىنىڭ جىھاد ئۇرۇشىغا ئائىت تەلىملىرىدۇر. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى (ھەتتا ئىخلاسمەن بولمىغان مۇسۇلمانلارنى) مەغلۇپ قىلىشى ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستە تاللىماسلىقنى ئۆگىتىدۇ. بۇلار ئالدامچىلىق، قاتىللىق ۋە باشقا تىرورلۇق ھەركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

● مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ھەرقانچە كۆپ ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلسىمۇ، لىكىن يەنىلا جەننەتكە كىرىش ياكى كىرەلمەسلىكىنى جەزملەشتۈرەلمەيدۇ. ئەمما جىھاد ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئۆلۈپ كەتسە، پۈتۈن گۇناھى كەچۈرۈلۈپ، جەننەتكە جەزمەن كىرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. چۈنكى قۇرئاندا شۇنداق ۋەدە قىلىنغان. (قۇرئان 3:157،158،169 ، 4:74،77 ، 8:60 ، 9:111 ، 61:12)

● ئىسلام دىنىدا ئۆچمەنلىك، ئۆچ ئېلىش، نەپرەتلىنىش، غەزەپلىنىش قاتارلىق روھى ئامىللار تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

● شۇڭا مەسىھىيلەر ئىسلام دىنىنى ھەممىگە قادىر، ھەققانى، ئادىل، پاك، مۇقەددەس ۋە مېھىر-مۇھەببەتلىك بولغان خۇدادىن كەلگەن بولىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ.

## مەسىھ ئېتىقاتىدىكى تەلىملەر

● مۇھەممەت تەۋرات ۋە ئىنجىلدىمۇ قۇرئانغا ئوخشاش جىھاد ئىدىيىسى بار دەپ قارايدۇ: «ئاللا جەننەت بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى تىگىشىدۇ؛

ئۇلار ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ؛ ئۇلار يا دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ غەلىبە قىلىدۇ، ياكى شېھىت بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ. بۇ ئاللانىڭ ھەقىقى ۋەدىسى بولۇپ، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئانلاردا خاتىرلەنگەن.» (قۇرئان 9:111)

• بىراق بۇ نوقتىدا قۇرئان پۈتۈنلەي خاتالاشقان. چۈنكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا قۇرئانغا ئوخشاش دىن تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان جىھاد ئىدىيىسى مەۋجۇد ئەمەس.

## تەۋراتتىكى خاتىرلەر:

• گەرچە تەۋراتتا ئىسرائىللارنىڭ قەدىمقى زامانلاردا ئېلىپ بارغان بەزى ئۇرۇشلىرى خاتىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتىرى ئىسلامنىڭ دىن تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان جىھاد ئۇرۇشى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

• قەدىمقى قانان رايونىدىكى خەلقلەر بالىلىرىنى ساختا ئىلاھلىرىغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئوتتا كۆيدۈرىدۇ، پال سالىدۇ، رەمچىلىك قىلىدۇ، سېھىر-جادۇ قىلىدۇ، جىنكەشلىك قىلىدۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ روھىغا تىۋىنىدۇ، بۇلار خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. شۇڭا خۇدا ئۇلارنى جازالاپ، ئىسرائىللار ئارقىلىق يوقىتىدۇ (تەۋرات-قانۇن شەرھى 12-9:18)؛ خۇدا ئىسرائىللار ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ (قانۇن شەرھى 30:1 ، 20:4).

• ئىسرائىللارنىڭ قانان رايونىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى خۇدانىڭ ئادىل ھۆكۈمىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، باشقىلارنى خۇداغا مەجبۇرى ئىشەندۈرۈش ياكى دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلمىغان. بۇ خۇددى قەدىمقى زامانلاردا خۇدا توپان بالاسى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى سۇغا غەرق قىلىپ، شۇ دەۋردىكى رەزىللىك ۋە گۇناھقا پاتقان ئادەملەرنى جازالىغىنىدەك ئىشتۇر. ئىنسانلارنى خۇدا ياراتقان، شۇڭا خۇدانىڭ توغرا يولدىن چىقىپ گۇناھقا پاتقان ئىنسانلارنى جازالاش ھوقوقىمۇ بار ئەلۋەتتە.

• بۇ ئۇرۇش پەقەت شۇ دەۋردىكى مۇئەييەن كوللىكتىپقا قارىتىلغان بولۇپ، باشقا دەۋرلەردىكى ئېتىقاتچىلارغا ماس كەلمەيدۇ. تەۋراتتا خۇدا يەھۇدىيلارنى باشقا مىللەتلەرگە جىھاد ئۇرۇشى قوزغاپ، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇڭلار، ھەممە ئادەمنى مېنىڭ دىنىمغا كىرگۈزۈڭلار، كىرمىگەنلەرنىڭ «كاللىسىنى ئېلىڭلار، بارماقلىرىنى چانىۋېتىڭلار، ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار» دېمىگەن.

• خۇدا ئىسرائىللارنىڭ جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قانانلىقلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ئىگەللىۋېلىشقا قەتئىي يول قويمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلسا ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسرائىللارنىمۇ ناپاك قىلىدىغانلىقىنى، ھەمدە خۇدا تەرىپىدىن

جازالىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ (يەشۇئا 7). بۇ قەدىمقى زامان تارىخىدا كەم كۆرىلىدىغان، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ئىشتۇر. چۈنكى قەدىمقى زامانلاردا بىر قەبىلە يەنە بىر قەبىلىنى يوقاتسا، ئۇلارنىڭ مال-ۋارانلىرى ۋە باشقا مال-مۈلۈكلىرىنى ئىگەللىۋالاتتى، ھەم بۇنى خۇشاللىنارلىق غەلىبە دەپ قارايتى. بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسرائىللار بۇنداق قىلمىغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ ئىش ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدىن كېلىپ چىقمىغان بەلكى خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇر. ھالبۇكى قۇرئاندا مۇسۇلمانلارغا «جەڭ ئولجىلىرى (ئاياللار، باللار، ئۆي-زىمىن، مال-ۋاران ۋە باشقا مۈلۈكلەر) سىلەرگە ھالال قىلىندى» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا، ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللار ۋە باللارنى قۇل قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن.

• ئادىل خۇدا قەدىمقى قانانلىقلارنىلا جازالىمىغان، بەلكى ئىسرائىللار گۇناھ ئۆتكۈزسىمۇ ئوخشاشلا جازالايدىغانلىقىنى ئالدىن جاكارلىغان. تەۋراتتا خاتىرلىنىشىچە، ئەگەر ئىسرائىللار قانان رايونىغا كىرگەندىن كېيىن خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلماي، رەزىل ئىشلارنى قىلسا، باشقا ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرىغا سەجدە قىلسا، خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقى، ھەرخىل ئاپەت يۈز بېرىپ، دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدىغانلىقى، ئۆز يۇرتىدىن قوغلىنىپ، سەرسان-سەرگەردان بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 28:15-68 ، 29:18-29 ).

• بۇ ئەھۋال كېيىنكى دەۋرلەردە ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن. مەسىلەن، ئىسرائىللار كېيىن مۇئابنىڭ ئاياللىرى بىلەن شەھۋانى ئىشلارنى قىلىپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغىمۇ قۇربانلىق ۋە سەجدە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ ۋابا كېسىلى قوزغىلىدۇ، ئەينى چاغدا ئىسرائىللاردىن 24 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ. (تەۋرات-نوپۇس سانى 25:1-9)

## تەۋراتتىكى تەلىملەر

• ئىسرائىللارنىڭ پەقەت بىر خۇداغىلا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇلارغا تاللاش ئەركىنلىكى بېرىلگەن. (يەشۇئا 24:14،15 ، شاھلار تەزكىرىسىI 18:21)

• خۇدا كۆپ قېتىم كۈچ-مادارىدىن قالغان ئاجىز ئىسرائىللار ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلايدۇ. (قانۇن شەرھى 32:36)

• ئۆچمەنلىك جېدەل-ماجرا تېرىيدۇ، مېھر-مۇھەببەت سەۋەنلىكلەرنى ياپىدۇ. (پەند-نەسىھەتلەر 10:12)

• خۇدا ئىسرائىللارغا مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ كۈچىڭگە ۋە قوراللىرىڭغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھىمغا تايىنىپ ئىشلارنى روياپقا چىقىرالايسىلەر. (زاكارىيا 4:6)

## ئىنجىلدىكى مۇناسىۋەتلىك تەلىملەر

• خۇدا تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلغۇچىدۇر. (ئىبرانىلار 13:20)

• ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىنى ئۆزىگە ئەگىشىشكە مەجبۇرلىمايدۇ. (يۇھاننا 6:66، 67)

• ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى رەت قىلىپ قارشى تۇرغانلار، ھەتتا ھاقارەتلىگەن، تۆھمەت قىلغان ۋە زىيانكەشلىك قىلغانلارغىمۇ ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ، ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتمەيدۇ. (لۇقا 9:54)

• ئەيسا مەسىھ ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ھاياتلىق بېرىش ئۈچۈن كەلگەن. (لۇقا 9:56 ، يۇھاننا 6:35)

• ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنى ھاياتلىققا ئېرىشسۇن، ھەمدە ھاياتى تېخىمۇ مول بولسۇن دەپ كەلگەن. ئەمما شەيتان ئەۋەتكەن ئوغرى بولسا ئوغۇرلاش، ئۆلتۈرۈش ۋە بۇزۇش ئۈچۈن كىلىدۇ. (يۇھاننا 11، 10:10)

**ئىنجىل مەتتا 10:34 تىكى ئەيسا مەسىھنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك : «مىنى بۇ دۇنياغا تىنچلىق ئېلىپ كەلدىمكىن دەپ ئويلاپ قالماڭلار، مەن تىنچلىق ئەمەس، بەلكى قىلىچ ئەپكەلدىم.»** (بۇ يەردىكى «قىلىچ» دىگەن سۆز «جىدەل-ماجرا» غا سىمول قىلىنغان)

• دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى بۇ يەردىكى قىلىچ دىگەن سۆز (the sword) ئەمەس، بەلكى (a sword) تۇر.

• ئىنجىل مەتتا 39-10:34 دىكى ئايەتلەردە، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بۇ دۇنياغا خۇش خەۋەر تارقاتقاندا قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كىلىپ چىقىدىغانلىقى ئالدىن ئەسكەرتىلگەن، يەنى گەرچە بىر قىسىم ئادەم قوبۇل قىلسىمۇ، ئەمما كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ رەت قىلىدىغانلىقى، ھەتتا قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقى سۆزلەنگەن.

• مەسىھيلەر بۇ دۇنيادىكى قاراڭغۇلۇقتا ياشاپ گۇناھقا پاتقان ئىنسانلارنى تۆۋە قىلىپ ئۆزگىرىشكە چاقىرغاچقا، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆچمەنلىكىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى مەسىھيلەر تارقاتقان خۇش خەۋەر ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ يورۇقلۇققا كىرىشكە دەۋەت قىلىدۇ، گۇناھكار ئادەملەرنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھەتتا ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىشى

مۇمكىن.

• خۇدانىڭ سۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا ئىختىلاپ ئېلىپ كىلىشى مۇقەررەر بولۇپ، بۇ ھەق بىلەن ناھەق، راست بىلەن يالغان، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوتتورسىدىكى ئىختىلاپتۇر. ئىنجىلدا مەسىھيلەرنىڭ شۇ سەۋەپتىن كىلىپ چىققان تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەۋر-تاقەت قىلىشى ۋە مىھرى-مۇھەببىتىنى يوقاتماسلىقى تەكىتلەنگەن، ئەمما باشقىلارغا قورال كۆچى ئىشلىتىپ ئۇلارنى مەجبۇرى بويسۇندۇرۇش بۇيرۇلمىغان.

• مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى گەرچە تىنچلىق تەرەپدارلىرى بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە چاغلاردا باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلمەكتە.

• ئەيسا مەسىھ ئېلىپ كەلگەن «قىلىچ» خۇدانىڭ ھەققانى سۆزىدۇر (ئەفەسلىكلەر 6:17 ، ئىبرانىلار 4:12 ، ۋەھىلەر 1:16)؛ مەسىھيلەر بۇ دۇنيادىكى ئادەملەر بىلەن ئەمەس، بەلكى پەردىنىڭ كەينىدىكى قارا روھلار ۋە شەيتان بىلەن جەڭ قىلىدۇ (ئەفەسلىكلەر 6:12)

## ئەيسا مەسىھنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان چاغدىكى ئىنكاسى

• ئەيسا مەسىھ قولغا ئېلىنغاندا، ئۆزىگە ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدانى يەنىلا «دوستۇم» دەپ چاقىرىدۇ. خۇدادىن پەرىشتىلەرنى ياردەمگە ئەۋەتىپ ئۇلارنى جازالىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئادەم قارغىمايدۇ (مەتتا 26:50،53)؛ شاگىرتلىرىنىڭ قىلىچ كۆتىرىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى توسايدۇ، قولىقى كىسۋىتىلگەن بىر ئەسكەرنىڭ قولىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ (لۇقا 22:50،51 ، يۇھاننا 18:11).

• ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ دۆلىتىنىڭ بۇ دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى، ئېتىقاتچىلىرىنىڭ جەڭ قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى ئېيتىدۇ. (يۇھاننا 18:36)

• ئەيسا مەسىھ كىرستتقا مىخلانغاندا، ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى خۇدانىڭ كەچۈرۈۋىتىشىنى تىلەيدۇ. (لۇقا 23:34)

• ئەيسا مەسىھ كىرستتكە مىخلانغان يەنە بىر ئادەمگە تەسەللى بېرىدۇ. (مەتتا 27:44 ، لۇقا 23:43)

• ئەيسا مەسىھنىڭ تۇنجى شىھت بولغان ئېتىقاتچىسى ستىفانمۇ خۇدادىن ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (ئەلچىلەر 7:59،60)

## مەسىھيلەرنىڭ دۈشمەنلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى

• دۈشمەنلىرىڭلارغىمۇ مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار (مەتتا 5:44 ، لۇقا 6:27،35)؛ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار (لۇقا 6:35)؛ ئۇلارنىڭ بېشىغا كۆڭ چۈشكەندە يەيدىغانغا يەم ئىچىدىغانغا سۇ بېرىڭلار (رىملىقلار 12:20).

- خۇدانىڭ ۋە مەسىھيلەرنىڭ ھەقىقى دۈشمىنى ئىنسانلار ئەمەس، بەلكى شەيتاندۇر. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

• سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار (مەتتا 5:44)؛ ئۇلارغىمۇ بەخت تىلەڭلەر، ئادەمگە بەخت تىلەشكىلا بولىدۇكى، قارغاشقا بولمايدۇ (رىملىقلار 12:14)؛ يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرماڭلار، تىرىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار (رىملىقلار 12:17)؛ باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارماڭلار (رىملىقلار 2:1)؛ ئالدىنىش ۋە زىيانلارغا چىداڭلار (كورىنتلىقلارI 6:7).

• باشقىلاردىن ئىنتىقام ئالىمىز دېمەڭلار، ئۇلارنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار (رىملىقلار 12:19)؛ ئىنتىقام ئالغۇچى خۇدادۇر، ئۇ چوقۇم جازالايدۇ (رىملىقلار 12:19 ، ئىبرانىلار 10:30).

• بىز جىسمانى تەنگە تايىنىپ جەڭ قىلمايمىز، بىزنىڭ قورالىمىز بۇ دۇنياغا مەنسۇپ ماددى نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن كەلگەن ۋە شەيتاننىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىيالايدىغان روھى قوراللاردۇر. (كورىنتلىقلارII 10:3،4)

• بىز بۇ دۇنيادىكى ئادەملەر بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيانى سوراۋاتقان قارا روھلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى شەيتان بىلەن جەڭ قىلىمىز. (ئەفەسلىكلەر 6:12)

• مەسىھيلەرنىڭ جېڭى روھى دۇنياغا مەنسۇپ بولۇپ،مۇستەھكەم ئىشەنچ ۋە پاك ۋىجدانىنى تەلەپ قىلىدۇ. (تىموتىI 1:18،19)

## باشقا تەلىملەر

• مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ھاكىمىيەتنى سوراۋاتقانلارغا، ھۆكۈمەتكە ۋە قانۇن-تۈزۈمگە بويسۇنۇپ، ياخشى پۇقرالاردىن بولۇش كېرەك. (رىملىقلار 4-1:13)

• مەسىھيلەر يەر يۈزىدە ئۆزىگە بايلىق توپلىماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئۇنى ھامان قۇرۇت يەيدۇ، چىرىيدۇ، ياكى ئوغۇرلاپ كېتىدۇ. ئەكسىچە ئۇلار تاپقان پۇل-ماللىرىغا ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ، «ئەرشتىكى بايلىقى» نى كۆپەيتىشى كېرەك. ئادەمنىڭ بايلىقى نەدە بولسا، قەلبىمۇ شۇ يەردە بولىدۇ. (مەتتا 6:19)

• قىلىچ كۆتۈرگەنلەر قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ. (مەتتا 26:52)

- زوراۋانلىق كۈچىگە تايانغانلار ھامان زوراۋانلىق ئىچىدە ئۆلىدۇ.

• قەلبى ئۆچمەنلىككە تولغان، جىدالخور، ھەسەتخور، ئاسان غەزەپلىنىدىغان، گوروھۋاز، ئۇرۇشقاق ئادەملەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. (گالاتىيالىقلار 5:20، 21)

• ئۇرۇش-جىدەل ئادەمنىڭ شەخسىيەتچىلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. (ياقۇپ 4:1)

• ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلىپ ئەسىر قىلغانلار، ھامان ئۆزلىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ. قىلىچ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر، ھامان ئۆزى قىلىچلىنىپ ئۆلىدۇ. شۇڭا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى سەۋر-تاقەت قىلىپ، ئىشەنچىسىنى يوقاتماسلىقى كېرەك. (ۋەھىيلەر 13:10)

• ئەيسا مەسىھ ھامان شەيتاننىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرمۇ جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ. (ۋەھىيلەر 17:14)

## مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى جەڭگە قاتناشسا بولامدۇ؟

يوقۇردا كۆرسىتىلگەن ئىنجىلدىكى تەلىملەر ئاساسىدا، مەسىھىي ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭ بۇ توغرىلىق ئوخشىمىغان قاراشلىرى بار. ئەلۋەتتە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئادەم تارىختىكى بەزى ئالاھىدە ۋەقەلەر ۋە ئىشلارغا ئالدىراپ ھۆكۈم قىلسا بولمايدۇ. بىراق ئەگەر ئۆزىمىز مەلۇم ئالاھىدە ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ، قارار چىقىرىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، تۆۋەندىكى ئامىللارنى ئويلىشىپ باقساق بولىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئەڭ ئاخىرىدا ھەممە ئادەم خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە جاۋاپ بېرىدۇ.

• «خۇدانى سۆيۈش ۋە ئىنساننى سۆيۈش» بارلىق ئىشلاردىكى باش پىرىنسىپتۇر. (مەتتا 22:37-40) شۇڭا ھەرقانداق ئىشىمىز ئىنسانغا بولغان مېھىر-مۇھەببەتنى ئاساس قىلىش كېرەك، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا (جۈملىدىن دۈشمەنلەرگە) بولغان ئۆچمەنلىكتىن كېلىپ چىقماسلىقى كېرەك.

• مەسىھ جامائىتى سىياسى تەشكىلات ياكى دۆلەت ئەمەس، شۇڭا زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغاندا چوقۇم سەۋر-تاقەت قىلىشى كېرەك. ئەيسا مەسىھ ئەڭ ياخشى ئۈلگىمىزدۇر.

• خۇدا ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىز ئەمەس، ئۇ بىزنىڭ كۈچىمىزگە تايىنىپ ئۇنى قوغدىشىمىزغا ياكى دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىشىمىزغا مۇھتاج ئەمەس.

• قورال كۈچىگە تايىنىپ ھەققانىيەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

• دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە جەمىيىتى مۇتلەق ئادىل، ھەققانى ۋە تىنچ-ئامان ئەمەستۇر.

• خۇدا ئۆزى بەلگىلىگەن مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە ئۇسۇلدا رەزىللىككە زەربە بېرىدۇ.

خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

● خۇدا گۇناھكار ئادەملەرنى ئىشلىتىشكىمۇ قادىر بولۇپ، بەزىدە ئۇلارنىڭ گۇناھلىق قىلمىشلىرى ئارقىلىقمۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. مەسىلەن، بىر دۆلەت ياكى مىللەتنى باشقا بىر دۆلەت ياكى مىللەت ئارقىلىق جازالاش دېگەندەك. ئەمما بۇ ھەرگىز مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىمۇ ئاشۇ گۇناھلىق ئىشلارغا قاتنىشىڭلار دېگەنلىك ئەمەس.

● ئەگەر مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئارمىيەگە ئەسكەرلىككە كىرگەن بولسا، دۆلەت ۋە خەلقنى قوغداش ئۈچۈن جەڭگە قاتناشسا،قورال كۈچى بىلەن رەزىل كۈچلەرگە زەربە بېرىپ، ئىگىچاقسىز ئاجىزلارنى قوغدىسا، پىرىنسىپ جەھەتتە خاتا بولمايدۇ.

○ ھوقۇقدارلار قورال كۈچى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى رەزىل كۈچلەرنى جازالىسا، دۆلەتنى قوغدىسا بولىدۇ. (رىملىقلار 13:4)

○ ھوقۇقدارلارنىڭ دۆلەتتىكى ئاجىز پۇقرالارنى يامان ئادەملەردىن قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. (زەبۇر 82:4)

○ ئەسكەرلەر يەھيا پەيغەمبەردىن «بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك» دەپ سورىغاندا، يەھيا پەيغەمبەر ئۇلارنى ئەسكەرلىكتىن چېكىنىپ كېتىڭلار، ئۇرۇش-جەڭلەرگە قاتناشماڭلار دېمەيدۇ، بەلكى «خەلققە زوراۋانلىق قىلماڭلار، قاقتى-سوقتى قىلماڭلار، تەمىناتىڭلارغا قانائەت قىلىڭلار» دەيدۇ. (لۇقا 3:14)

○ ئەيسا مەسىھ بىر يۈز بېشىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ماختايدۇ (مەتتا 10-8:5)؛ رىم قوشۇنىنىڭ ئىتالىيە قىسمىدىكى كورنىلىي ئىسىملىك بىر قوماندان خۇداغا ئېتىقات قىلىدىغان تەقۋادار ئادەم بولۇپ، ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىدۇ (ئەلچىلەر 10:1،2).

○ ئەگەر ھوقۇقدارلارنىڭ بۇيرۇقى ھەققانىيەتتىن چەتنەپ كەتسە، مەسىھيلەر ئۇلارنىڭ گېپىنى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك. (ئەلچىلەر 4:18،19 ، 5:29)

● ئەگەر بارلىق ئاماللارنى ئىشلىتىپمۇ توقۇنۇشتىن ساقلانغىلى بولمىسا، ھەققانىيەت ئۈچۈن جەڭ قىلسا بولىدۇ. ئەمما چوقۇم جەڭگە قاتناشمىغانلارنى زەخىملەندۈرۈشتىن ساقلىنىش، زۆرۈرىيىتى بولمىغان قان تۆكۈلۈش ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

● ئىنجىلنىڭ ۋەھىلەر قىسمىدا زامان ئاخىرىدىكى ئۇرۇش سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبى دەججالنى، ئىنسانلارنى ئازدۇرغان ساختا پەيغەمبەرنى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنى يوقىتىدىغان چوڭ ئۇرۇشتۇر. ئۇ ئۇرۇشنى

مەسىھىيلەر قوزغىمايدۇ، بەلكى خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى قىلىدۇ. (ۋەھىيلەر 19:11ـ20)

**ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدا مەسىھىيلەر نۇرغۇن زوراۋانلىقلارنى قىلىپ، كۆپلىگەن ئادەملەرنى قىرىۋەتكەن. ئۇلار ياۋرۇپادا سېھىر-جادۇ قىلىدىغانلار ۋە باشقا دىنغا ئېتىقات قىلىدىغانلارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. غەرپ مۇستەملىكىچىلىرى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. ياۋرۇپالىقلار ئىككى قېتىم دۇنيا ئۇرۇشى قوزغىغان. ئامېرىكىمۇ كۆپ قېتىم ئۇرۇش قوزغىغان. ئىنسانپەرۋەرلىكتىن چىقىپ كەتكەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەسىھىيلەر قىلغان. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟**

● كۆپ ساندىكى ئۇرۇش، زوراۋانلىق ۋە قىرغىنچىلىقلار، مەيلى ئۇ دىنىنى قالپاق قىلسۇن قىلمىسۇن، ھەممىسى ئىنساننىڭ گۇناھكار تەبىئىتىدىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن، ئۆچمەنلىك، شەخسىيەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنچىلىك، ئاچكۆزلۈك قاتارلىقلار.

● «مەسىھ ئېتىقاتى» (خىرىستىيان دىنى) بىلەن ئۆزىنى «مەسىھىي» (خىرىستىيان) دەپ ئاتىۋالغان بەزى ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىنى ئارلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسىھ ئېتىقاتچىسى دېگىنىمىز ئەيسا مەسىھنى رەببىم دەپ قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىپ بىر ئۆمۈر ئەگەشكەن ئادەمدۇر. بۇ ئۇنىڭ دۆلىتى، مىللىتى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئېتىقاتى، چىركاۋدا چۆمۈلدۈرۈلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئۆزىنى «مەسىھىي» (خىرىستىيان) دەۋالغان ئادەمنىڭ ھەقىقى مەسىھ ئېتىقاتچىسى بولىشى ناتايىن، غەرپتە تۇغۇلغان ھەممە ئادەمنىڭمۇ مەسىھ ئېتىقاتچىسى بولىشى ناتايىن.

● يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلار گۇناھكاردۇر (يۇھاننا I 1:8،10)؛ جۈملىدىن مەسىھىيلەرمۇ گۇناھكاردۇر، ئۇلارمۇ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلەر ئۆزىنى مەسىھىي دەۋالغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەيسا مەسىھكە ھەقىقى ئېتىقات قىلمىغان بولىشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ دېگىنى بىلەن ئەمىلىيتى ئوخشىمايدۇ. يەنە بەزىلەر مەسىھ ئېتىقاتىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغىنى ھەقىقەتەن خاتا، ئەمما بۇ مەسىھ ئېتىقاتىنىڭمۇ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ.

● گەرچە بىر قىسىم ساختا مەسىھىيلەر بولسىمۇ، ئەمما مەسىھىيلەرنىڭ ھەممىسى ساختىپەز ئەمەس. ئەيسا مەسىھكە ھەقىقى ئەگەشكەن، ئاجىز يوقسۇللارغا ياردەم قىلىپ، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىۋەتكەن ئېتىقاتچىلارمۇ ئاز ئەمەس.

● ئەگەر بەزى مەسىھىيلەر ناھەق ئۇرۇش قوزغىسا، زوراۋانلىق قىلسا، قىرغىنچىلىق

قىلسا، ئۇلار ئىنجىلنىڭ تەلىمگە خىلاپلىق قىلغان، ئەيسا مەسىھنى ئۆلگە قىلمىغان بولىدۇ.

● بىر مەسىھ ئېتىقاتچىسىنىڭ راست ياكى يالغانلىقى ئەيسا مەسىھكە ۋە ئىنجىلغا باغلىق بولىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى «مەسىھي» (خىرىستىيان) دەپ ئاتىۋالغانلىقىغا باغلىق بولمايدۇ. ئەيسا مەسىھ پۈتۈنلەي پاك ۋە گۇناھسىز بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەمىلىيىتى بىلەن قىلغان تەلىمى ئۆزئارا ماس كېلىدۇ.

● ئەيسا مەسىھ ھېچقاچان شاگىرتلىرىغا ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئادەم ئۆلتۈرۈڭلار، گۇناھ ئۆتكۈزۈڭلار دەپ ئۆگەتمىگەن. بۇنى ئۇنىڭ تەلىملىرى ۋە ئىش-ھەركىتىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

## مەسىھىيلەر زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا:

● مەسىھىيلەر ئوڭۇشسىزلىقلارغا سەۋر-تاقەت قىلالايدۇ، ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىقنى ئاخىرقى مەغلۇبىيەت ۋە ھالاكەت دەپ قارىمايدۇ. خۇدا مەسىھىيلەرنى ھەممە ئىشتا چوقۇم غەلبە قىلىسىلەر دەپ ئۆگەتمىگەن، مەسىھ جامائىتى تاكى قىيامەت كەلگىچە تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىشى مۇقەررەر. خۇدانىڭ پىلانى ئاشۇنداق نۇرغۇن كۈلپەت ۋە مەغلۇبىيەتلەر ئىچىدە تەدرىجى روشەنلىشىدۇ. مەسىھىيلەر ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى بۇ دۇنيادىكى تەغدىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. قىيامەت كۈنى ئەيسا مەسىھ قايتىپ كەلگۈچە، يەر يۈزىدىكى چوڭ شان-شەرەپلەرنى تاما قىلىپ كەتمەيدۇ.

● ئىنجىلدا قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن مەسىھىيلەر دۇچ كېلىدىغان ھەرخىل قىيىنچىلىقلار ئالدىن بىشارەت قىلىنىپ بولغان. مەسىلەن، چوڭ زىيانكەشلىك (ئەلچىلەر 8:1ـ3)؛ ھاقارەت، تۆھمەت، ئۆچمەنلىك، رەت قىلىنىش، تاشلىۋېتىلىش (مەتتا 5:11، لۇقا 6:22، ئىبرانىلار 10:32، 33، Iپېتروس 2:12، 4:4)؛ ناھەق سوتقا تارتىلىش (ئەلچىلەر 17:6)؛ يوشۇرۇن زەربە بېرىش (زەبۇر 11:2)؛ مال-مۈلكىنى تارتىۋېلىش (ئىبرانىلار 10:34)؛ پاراكەندە قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىش، ئۇرۇپ يېقىتىش، ئۆلۈم گىرداۋىغا ئاپىرىش (IIكورىنتلىقلار 4:8ـ11)؛ تاياق يېيىش، تۈرمىگە سولىنىش، جازالىنىش، ئەخمەق قىلىنىش، جاپا-مۇشەققەتلەردە چېنىقىش (ماركوس 13:9، IIكورىنتلىقلار 6:4ـ10، 11:23، 25، IIتىموتى 2:9، ئىبرانىلار 11:35ـ38، ۋەھىلەر 2:10)؛ ئۆلتۈرۈلۈش (ئەلچىلەر 7:60، 12:2، ئىبرانىلار 11:37، ۋەھىلەر 2:13، 6:9).

● زىيانكەشلىك يەھۇدىلار ۋە باشقا مىللەتلەردىن كېلىدۇ (ئەلچىلەر 14:2ـ5)؛ ئاما ۋە ئەمەلدارلاردىن كېلىدۇ (ئەلچىلەر 16:22ـ24، 19:23ـ29)؛ ئۆز

خەلقدىن ھەتتا دوستلىرىدىن كىلىدۇ (ئەلچىلەر 29ـ9:23)؛ ئائىلىسىدىكىلەردىن كىلىدۇ (مەتتا 10:21،36 ، ماركوس 12:12،13).

## مەسىھيلەرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبى

• ئەيسا مەسىھمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ناھەق سوتقا تارتىلىپ ئادالەتسىز ھۆكۈم قىلىنغان، مەسخىرە قىلىنغان، تاياق يىگەن، ئەڭ ئاخىرىدا كىرستتا مىخلىنىپ ئىپچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەن.

• ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەپ جاكارلىغان: ئەگەر كىمدەكىم ئۇنىڭغا ئەگەشمەكچى بولىدىكەن، ئۆزىدىن ۋاز كىچىپ، كىرستىنى يۈدۈپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش كىرەك. (مەتتا 16:24)

• ئەيسا مەسىھ پاۋلۇسقا ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزى ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىدىغانلىقىنى ئالدىن ئىيتىدۇ. (ئەلچىلەر 9:16)

• مەسىھيلەر ئەگەر ھەقىقەتەن ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ھايات كەچۈرمەكچى بولسا (تىموتىII 3:12)؛ ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن (مەتتا 5:11)، خۇدانىڭ دۆلىتى ئۈچۈن (سالونىكاII 1:5)، كىرست ئۈچۈن (گالاتىيالىقلار 5:11 ، 6:12)، خۇدانىڭ سۆزى ئۈچۈن (مەتتا 13:21)، ھەققانىيەت ئۈچۈن (مەتتا 5:10)، ياخشىلىق ئۈچۈن (پىتروسI 3:17) ياشىماقچى بولسا، مۇقەررەر ھالدا بۇ دۇنيادىكى رەزىل كۈچلەر ۋە شەيتاندىن كەلگەن قارشىلىق، زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ.

• خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرىش ئۈچۈن چوقۇم نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈش كىرەك (ئەلچىلەر 14:22)؛ بۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇر (سالۇنىكالىقلارI 3:3،4)؛ خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇنداق بولۇپ، مەسىھيلەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرغاندۇر (پىتروسI 21ـ2:19).

• شەيتان ئادەمنى ئىزىقتۇرۇپ، زىيانكەشلىك قىلىدۇ، بۇنىڭغا خۇدا ۋاقىتلىق يول قويىغان. (ئايۇب 2:4،5 ، ۋەھىلەر 2:10 ، 7ـ13:5)

## مەسىھىي ئەمەسلەر مۇنداق بولىشى مۇمكىن:

• ئەيساغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ (يۇھاننا 23ـ15:18)؛ دۇرۇس ياشىغانلارنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارغا ھوجۇم قىلىدۇ (زەبۇر 11:12 ، پەند-نەسىھەتلەر 29:10)؛ جىسمانىيەتتىن تۇغۇلغانلار روھىيەتتىن تۇغۇلغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ (گالاتىيالىقلار 4:29)؛ ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ (فىلىپىلىكلەر 1:28).

• ئۇلار بىلەن بىللە شاللاق تۇرمۇش كەچۈرمىگەن، ئۆزىنى شەھۋانىلىق، ھاۋايى

ھەۋەس، ھاراقكەشلىك، قۇرۇق زىياپەت، ئەھمىيەتسىز سورۇنلاردىن تارتقان ۋە يىرگىنچلىك مەبۇدلارغا چوقۇنمىغان مەسىھىيلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا غەلىتە تۇيۇلىدۇ، ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ. (پېتروس I 4:3،4)

- مەسىھىيلەرگە ھەسەت قىلىدۇ، ئۆچلۈك قىلىدۇ. (ئەلچىلەر 5;12ـ18 ، 13:45ـ51)

- مەسىھىيلەر ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن غەزەپلىنىدۇ. (ئەلچىلەر 7:51ـ54)

- مەسىھىيلەرنى جەمىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرغانلار دەپ قارايدۇ. (ئەلچىلەر 24:5)

- بەزىلەر ھەتتا مەسىھىيلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدۇ. (يۇھاننا 16:1ـ3)

## مەسىھىيلەر بېسىمغا ئۇچرىغاندا مۇنداق قىلىشى كېرەك:

- دۇنيادىكى ئادەملەر بىزگە ئۆچمەنلىك قىلسا، ھەيران قالماڭلار، ئەجەبلەنمەڭلار. (پېتروس I 4:12 ، يۇھاننا I 3:13)

- بۇنىڭ نىمە سەۋەپتىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئويلاش كېرەك. ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقى ۋە گۇناھىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ۋاقتىدا گۇناھىمىزنى تونۇپ تۆۋە قىلىشىمىز كېرەك (پېتروس I 4:15)؛ ئەگەر پەقەت مەسىھ ئېتىقاتچىسى بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا بولسا، ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك (ئەلچىلەر 21:13 ، پېتروس I 2:19،20 ، 4:16).

- ئەيسا مەسىھنىڭ تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى ئەسلىشىمىز كېرەك. (ئىبرانىلار 12:2،3)

- ئەيسا مەسىھكە بولغان ئىشەنچىمىزنى قەتئىي ساقلىشىمىز، ئېتىقاتتا تەۋرەنمەسلىكىمىز، ئاداققىچە سادىق بولۇشىمىز كېرەك. (ۋەھىيلەر 2:10،13)

- مەيلى ھايات ياكى مامات بولايلى، ئەيسا مەسىھنى ھەرۋاقىت ئۇلۇغلايمىز. (فىلىپىلىكلەر 1:20)

- خۇدانىڭ ياردىمىنى تىلەش (يەرەمىيا 15:15)؛ ئۆزىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ياخشى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. (پېتروس I 4:19)

- تەھدىتلەردىن قورقماي، خۇدانىڭ تەلىملىرىنى داۋاملىق سۆزلەش (ئەلچىلەر 4:29)؛ ئادەملەردىن بەكرەك خۇداغا ئىتائەت قىلىش كېرەك (ئەلچىلەر 5:29).

- خۇشال-خۇرام يۈرۈش (مەتتا 5:12 ، لۇقا 5:23 ، رىملىقلار 5:3 ، ياقۇپ 1:2

، پېترۇس I 4:13، 14)؛ شان-شەرەپنى خۇداغا ئاتاش (پېترۇس I 4:16)؛ ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن ھاقارەتكە ئۇچراشقا ئەرزىگەنلىكىمىزدىن خۇرسەن بولۇش (ئەلچىلەر 5:41)؛ ئەيسا مەسىھنىڭ تارتقان ئازابى ۋە قۇربانلىقىنى ئۈلگە قىلىش (فىلىپىلىكلەر 3:10 ، ئىبرانىلار 13:11-13)

• كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان شان-شەرەپنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك ئازاپ-ئوقۇبەتلەر ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ (رىملىقلار 8:18)؛ شۇڭا سەۋر-تاقەت قىلىش (رىملىقلار 12:12)؛ جاپا-مۇشەققەتلەر ئالدىدا تەۋرەنمەسلىك (I سالونىكالىقلار 3:3)؛ قورقماسلىق كېرەك (ۋەھىيلەر 2:10).

• بەزىدە ھەتتا ئېتىقاتچىلارنىڭ كىشەنلىنىپ تۈرمىگە قامىلىشى سەۋەبىدىن، خۇش خەۋەر تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ كېتىدۇ. (فىلىپىلىكلەر 1:12-14).

• مەسىھىيلەر باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بەرگەن چاغدا، مۇقەددەس روھ دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەرنى ئۇلارنىڭ دىلىغا سالىدۇ. (مەتتا 10:17-20 ، لۇقا 21:12-15 ، فىلىپىلىكلەر 1:12-14 ، II سالونىكالىقلار 1:3-4).

• ئازاپلارغا بەرداشلىق بېرىش، قىيىنچىلىقتا قالغان ئادەملەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. (ئىبرانىلار 10:32-39)

• ۋىجدانىغا خىلاپ ئىش قىلماسلىق، ئاقكۆڭۈل، سەمىمى، تۈز بولۇش، گەپ-سۆزلىرى يېقىملىق بولۇش، شۇ ئارقىلىق مەسىھىيلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارنى خىجالەتتە قالدۇرۇش كېرەك. (تىتۇس 2:7،8 ، I پېترۇس 3:16)

• ئەگەر زۇلۇم بەك ئېغىر بولۇپ كەتسە، باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ داۋاملىق خۇش خەۋەر تارقىتىش كېرەك. (مەتتا 10:23 ، ئەلچىلەر 8:1،4)

• پۇقرالىق سالاھىيىتى بىلەن ھوقۇقلۇق ئورۇنغا ئەرز قىلىپ ئۆزىنى قوغدىسا بولىدۇ. (ئەلچىلەر 16:37 ، 22:25-29 ، 25:10،11)

## زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مەسىھلەرگە بېرىلگەن تەسەللى

• مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق ئەيسا مەسىھكە زىيانكەشلىك قىلغانلىقتۇر. (ئەلچىلەر 9:4،5)

• ئەيسا مەسىھ تارتقان ئازاپنىڭ بىر قىسمىنى بىز تەڭ تارتىشىپ بەرگەن بولىمىز. (كولوسىلىقلار 1:24)

• ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەت بىز بىلەن ئەيسا مەسىھ ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى ئۈزۈۋېتەلمەيدۇ. (رىملىقلار 8:35)

• مۇقەددەس روھ بىز بىلەن بىرگە بولىدۇ (پېتروسI 4:14)؛ بىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ (سالونىكالىقلارI 1:6)؛ بىزنىڭ بەرداشلىق بېرەلىشىمىز ئۈچۈن، خۇدا ھامان بىر يول ئېچىپ بېرىدۇ (كورىنتلىقلارI 10:13).

• ئەيسا مەسىھكە ئەگىشىپ نۇرغۇن جاپا تارتىمىز، ئەمما ئۇ ئارقىلىق تەسەللىمۇ تاپىمىز. (كورىنتلىقلارII 1:5)

• جاپا تارتىش ئارقىلىق سەۋرچانلىق، پىشىپ يېتىلىش ۋە ئۈمىد بارلىققا كېلىدۇ. (رىملىقلار 5:3،4 ، ياقۇپ 1:3،4)؛ ئىشەنچىمىز سىناقلاردىن ئۆتۈپ تېخىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ (پېتروسI 1:7).

• جاپا-مۇشەققەتنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن، خۇدا سىلەرنى دەس تۇرغۇزۇپ، ئېتىقاتىڭلارنى مۇستەھكەملەيدۇ، كۈچ ئاتا قىلىدۇ. (پېتروسI 5:10)

• ھەممە ئىشلار ئۆزئارا ماسلىشىپ، خۇدانى سۆيگەنلەرگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ (رىملىقلار 8:28)؛ گەرچە باشقىلار بىزگە زىيانكەشلىك قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما خۇدانىڭ نىيىتى ياخشى بولۇپ، شۇ ئىشتىنمۇ بىزگە پايدىلىق نەتىجە كېلىپ چىقىشى مۇمكىن (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 50:20)

• خۇدانىڭ نەزىرىدە ئۆز خەلقىنىڭ ئۆلۈمى ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. (زەبۇر 116:15)

• ئۇلارنىڭ شەيتاننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالىشى ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىق قېنى ۋە خۇدانىڭ سۆزىگە تايانغانلىقىدىندۇر. ئۇلار ھەتتا ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۆز جېنىنى ئايىمايدۇ. (ۋەھىيلەر 12:11)

• ھازىر ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىساقمۇ، ئەمما كەلگۈسىدە خۇدا چوقۇم ئۇلاردىن ھېساب ئېلىپ، ئادالەتنى ياقلاپ بېرىدۇ. (سالونىكالىقلارII 1:6-9 ، زەبۇر 135:14)

• كەلگۈسىدە ئالقىش، شان-شەرەپ ۋە قەدىر-قىممەتكە ئىگە بولىمىز. (رىملىقلار 8:17 ، كورىنتلىقلارII 4:17 ، پېتروسI 1:7)

• خۇدادىن كەلگەن بەخت ۋە چوڭ ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىمىز (مەتتا 5:10،12 ، لۇقا 5:22،23)

## مەسىھلەر ئۆزىگە زۇلۇم سالغانلارغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك:

• ئۇلاردىن قورقماسلىق كېرەك. چۈنكى ئەيسا مەسىھ مۇنداق دېگەن «تېنىڭلارنى ئۆلتۈرەلىسىمۇ، ئەمما روھىڭلارنى ئۆلتۈرەلمەيدىغانلاردىن قورۇقماڭلار. ئەكسىچە تېنىڭلارنىمۇ، روھىڭلارنىمۇ دوزاختا ھالاك قىلالايدىغان خۇدادىن قورقۇڭلار.» (مەتتا 10:28)

● يامانلىقنى يامانلىق بىلەن قايتۇرماسلىق، ھاقارەتلىگەنلەرنى ھاقارەتلىمەسلىك، سەۋر-تاقەت قىلىش كېرەك. ئۇلارغا بەخت تىلەش، ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىش كېرەك، ئەمما ئادەم قارغاشقا بولمايدۇ. (رىملىقلار 12:14 ، كورىنتلىقلارI 4:12،13 ، پېتروس 3:9)

● ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش كېرەك (مەتتا 5:44)؛ ھەتتا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا نۇرغۇن زىيانكەشلىك قىلغان پاۋلۇسنىمۇ خۇدا ئاخىرىدا ئۆزگەرتىپ مەسىھ ئېتىقاتچىسى قىلغان (ئەلچىلەر 9)

● ھاكىمىيەتنى سوراۋاتقانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش، ياخشى تىلەك تىلەش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلساق ئىخلاسمەنلىكىمىز ۋە قەدىر-قىممىتىمىزنى ساقلاپ، تىنچ-ئامان ھايات كەچۈرەلەيمىز. (تىموتىI 2:1،2)

## زۇلۇمغا ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىمىزغا قارىتا:

● خۇددى ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرغاندەك ئۇلارنى ئەسلەپ تۇرۇش (كولوسلىقلار 4:18 ، ئىبرانىلار 13:3)؛ ئۇلار بىلەن بىرگە ئازاپلىنىش (كورىنتلىقلارI 12:26)؛ يىغلىغانلار بىلەن تەڭ يىغلاش كېرەك (رىملىقلار 12:15)

● ئۇلارغا مەدەت بېرىش، ئېشەنچىسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. (سالونىكالىقلارI 3:2)

● ھېسداشلىق قىلىش، تۈرمىگە قامالغانلارنى يوقلاپ تۇرۇش كېرەك. (ئىبرانىلار 10:33،34 ، مەتتا 25:35)

● ئادىللىقنى ئىستەش، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش (يەشايا 1:17)؛ ئۆزىنى ئاقلىيالمايۋاتقانلار ئۈچۈن گەپ قىلىش، ئىگە-چاقىسىز ئاجىزلار ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلاش؛ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىش، ئاجىز ۋە يوقسۇللارنى قوغداش، ئۇلار ئۈچۈن گەپ قىلىش كېرەك (پەند-نەسىھەتلەر 31:8،9).

● ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالغانلارنى قۇتقۇزىۋېلىش، ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغانلارنى توساش كېرەك. (پەند-نەسىھەتلەر 24:11)